# رامىزان ھەققىدە سوئال ـ جاۋابلار

شەيخ علي بن حمد العرجاني (حفظه الله)
(أبو الحسن الكويتي)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئۇممۇ ئابدۇللاھ

تۈركىستان باھارى نەشرىياتى

# رامىزان ھەققىدە سوئال - جاۋابلار

شەيخ علي بن حمد العرجاني (حفظه الله)

(أبو الحسن الكويتي)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئۇممۇ ئابدۇللاھ

تۈركىستان باھارى نەشرىياتى

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

الحمد لله رب العالمين والصلاة والسلام على أشرف الأنبياء والمرسلين نبينا محمد وآله وصحبه أجمعين.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

الله تعالى نىڭ رازىلىقى ۋە بارچە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن، قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب جامائىتىمىزدىكى قېرىنداشلار تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىندى. ئۇشبۇ تەرجىمىنى ئەلۋەتتە كەمچىلىكتىن خالىي دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما الله نىڭ كىتابىغا، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتىگە ۋە ساھابىلەرنىڭ چۈشەنچىسىگە قارشى كەلگەن ھەرقانداق بىر نەرسىدىن بىز ئادا - جۇدامىز.

توغرا قىلغان بولساق الله تعالى نىڭ پەزلى - رەھمىتىدىن، خاتا قىلغان بولساق ئۆزىمىزدىن. شۇڭا ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خاتا كەتكەن يەرلىرىنى تۈزىتىپ بېرىشىنى ۋە سەممىي نەسىھەت قىلىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز!

ئاخىرىدا، بۇ كىتابنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە باشقىلارغا تەۋسىيە قىلغان قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ ياردىمى، مەغفىرىتى ۋە ئېھسانىنى تىلەيمىز، شۇنداقلا بۇ كىتابنى نەشىردىن چىقىرىش جەريانىدا تەرجىمە - تەھرىر ۋە بېسىپ تارقىتىلىشىغا خالىس ياردەم قىلىپ كۈچ چىقارغان بارلىق قېرىنداشلىرىمىزنى سالىھ دۇئالىرىڭلاردا ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭلارنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز!

الله تعالى بۇ كىچىككىنە ئەمىلىمىزنى ئۆزى قوبۇل قىلسۇن ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك قىلىپ بەرسۇن، ئامىن!

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

بۇيۈك مەقسەت ئۈچۈن روزىنى پەرز قىلغان ۋە ئۇ روزىنى تەقۋالىقنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن قىلغان اﷲ قا چەكسىز ھەمدۇ - سانالار بولسۇن!

اﷲ تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن ، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك ، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى». [1]

دۇرۇد ۋە سالاملار رامىزان ئېيىدىكى ياخشىلىق ۋە ئاتا - ئېھساندا شامالدىنمۇ تېز بولۇپ كېتىدىغان پەيغەمبىرىمىزگە ، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ۋاپادار ساھابىلىرىگە بولسۇن!

مەقسەتكە كەلسەك ، بۇ كىتاب روزىنىڭ ھۆكۈملىرى ۋە رامىزان ئايلىرىدا روزا تۇتقۇچى ھەربىر كىشى مۇھتاج بولىدىغان مەسىلىلەرنىڭ بايانى ھەققىدە ئىخچاملاندى. ئۇشبۇ كىتاب ئارقىلىق قۇدرەتلىك ۋە بۇيۈك زات اﷲ نىڭ ھەربىر سورىغۇچىنى ھىدايەت قىلىشىنى ۋە ھەربىر گاڭگىراپ قالغان كىشىنىڭ كۆڭلىنىڭ خاتىرجەم بولۇشىنى اﷲ تىن سورىغان ھالەتتە سوئال - جاۋاب يولى بىلەن رەتلەپ چىقتىم.

[1] سۈرە بەقەرە 183- ئايەت.

ھۆكۈملەرنى مەشھۇر ئالىملارنىڭ سۆزلىرىدىن ۋە ھۆكۈملىرى ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان مەشھۇر ئالىملارنىڭ كىتابلىرىدىكى دەلىللەردىن ماڭا نىسبەتەن كۈچلۈك بولغان قاراشلارنى تاللاپ ئالدىم.

ئى الله ، بىزنى ھەقنى سۆزلەپ ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغان ، ئازغۇنلۇقنى بىلىپ ، ئۇنىڭدىن يىراق بولىدىغان ھەمدە سېنىڭ يولۇڭدا مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن قىلغىن ، ئامىن!

وَالْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ!

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

1- سوئال: رامىزان روزىسى قاچان پەرز بولغان؟

جاۋاب: رامىزان روزىسى ھىجرىيىنىڭ ئىككىنچى يىلى شەئبان ئېيىدا پەرز بولغان.

2- سوئال: پەيغەمبەر ﷺ قانچە قېتىم روزا تۇتقان؟

جاۋاب: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تارىخلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، توققۇز قېتىم روزا تۇتقان. مەككە فەتھى بولغان ئايلاردا شەرئى ئۆزرىلەر سەۋەبلىك رامىزان كۈنلىرىنىڭ بەزىسىدە روزا تۇتمىغان ۋە كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن روزا تۇتمىغان.

3- سوئال: روزا دېگەن نېمە؟

جاۋاب: روزىنىڭ لۇغەت مەنىسى: توختاش.

شەرئى مەنىسى: الله قا ئىبادەت قىلىش نىيىتى بىلەن مەلۇم بىر ۋاقىتلاردا قىلىدىغان ئىشلاردىن بەزى كىشىلەرنىڭ توختىشى، يەنى يەپ - ئىچىش، جىما ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلار.

«بەزى كىشىلەر» دېگىنىمىزدە، روزا تۇتۇشقا تەكلىپ قىلىنىغان مۇسۇلمانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىبنى ھەبىيرە «ألأفصاح» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلىمالار ھەر بىر مۇسۇلمان ئەر ۋە مۇسۇلمان ئايالدىن بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى جايىدا، پاك ھەمدە قادىر بولالىغان ۋە

سالامەت بولغان كىشىلەرنىڭ رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشى پەرز ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاقا كەلدى».

«مەلۇم بىر ۋاقىتلار» دېگىنىمىزدە، تاڭ ئاتقاندىن باشلاپ كۈن كىرىپ كەتكۈچە بولغان ۋاقىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

4- سوئال: رامىزان روزىسىنى ئىنكار قىلىشنىڭ ھۆكۈمى نېمە؟

جاۋاب: رامىزان روزىسى — ئىسلامنىڭ ئەركانلىرىدىن بولۇپ، بىر كىشى گەرچە رامىزان روزىسىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى بىلمىسىمۇ، ئۇنى ئىنكار قىلسا كاپىر بولىدۇ. ئەمما رامىزان روزىسىغا سەل قاراپ تۇتمىغان كىشى چوڭ خەتەر ئۈستىدە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ كىشى تەرك ئېتىش بىلەن كىشىنى پاسىق قىلىدىغان چوڭ گۇناھلاردىن بىرىنى قىلدى. ئۆلىمالارنىڭ توغرا قارىشى بويىچە، بۇنداق كىشى كاپىر بولمايدۇ.

5- سوئال: روزىنىڭ پايدىسى ۋە ھېكمىتى نېمە؟

جاۋاب: روزىنىڭ ھېكمىتى ۋە پايدىسى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاتارىدىن:

(1) روزا تۇتۇش — الله قا تەقۋالىق قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان ئىشلارنىڭ كاتتىلىرى قاتارىدىندۇر. چۈنكى ئۇنىڭ روزا تۇتقۇچى ئۈچۈن تاشقى ئەزالارنى ۋە ئىچكى كۈچلەرنى ساقلاپ قېلىشتا ئاجايىپ ياخشى تەسىرلىرى بار.

(2) روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئىنسان نەپسى - شەھۋەتلىرىنى تەرك ئېتىپ ، تائام - شاراپتىن كۆنۈپ كەتكەن نەرسىلەرنى تاشلاپ الله تعالى غا ئىبادەت قىلغىلى بولىدۇ.

(3) روزا تۇتۇش بىلەن ئىرادىسىنى چېنىقتۇرغىلى ، نەپسى بىلەن جىهاد قىلغىلى ، سەۋر ۋە چىدامچانلىقتا تەربىيلەنگىلى بولىدۇ.

(4) روزا تۇتقۇچى الله تعالى نىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن نېمەتلىرىنى ھېس قىلالايدۇ.

(5) روزا تۇتۇشنىڭ تەن ساغلاملىقىغىمۇ پايدىسى زور بولۇپ ، روزا — بەدەننى ناچار خىلتلاردىن پاكلايدۇ ، بەدەنگە ساغلاملىق ۋە قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ.

6- سوئال: رامىزان روزىسىنى تۇتۇش قانداق كىشىلەرگە پەرز ؟

جاۋاب: روزا تۇتۇش: روزا تۇتۇشقا قادىر بولالايدىغان ، بالاغەتكە يەتكەن ، ئەقلى جايىدا بولغان مۇسۇلمانلارغا پەرز. ئەمما كېسەللەر ، ياشتا چوڭ قېرىلار ، مۇساپىرلار ، ئۆزىگە زىيان يېتىپ قېلىشتىن قورقىدىغان ھامىلدار ئاياللار ، مۇشەققەت تارتىپ قالىدىغان كېسەللەر ، ھەيزدار ۋە نىپاسدار ئاياللار بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

7- سوئال: رامىزان ئېيىنىڭ كىرگەنلىكىنى قانداق بىلىمىز ؟

جاۋاب: رامىزان ئېيىنىڭ كىرگەنلىكى — ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنغان ئادىل گۇۋاھچىلاردىن بىرەرسىنىڭ يېڭى ئاينى كۆرۈشى بىلەن ياكى شەئبان ئېيىنى تولۇق 30 كۈن ساناش بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ.

ئاينىڭ كىرگەنلىكىنى ۋە چىققانلىقىنى ئىسپاتلاشتا ھېساب ئەھلىگە يۆلىنىۋالمايمىز. چۈنكى رامىزان — رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتقىنىدەك يېڭى ئاينى ئېنىق كۆرۈش بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئاي كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار ۋە ئاي كۆرۈپ ئېپتار قىلىڭلار (يەنى ھېيت قىلىڭلار)، ئەگەر ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ قالسا، شەئبان ئېيىنى تولۇق ئوتتۇز كۈن توشقۇزۇڭلار» دېدى.[1] گەرچە ئاسترونومىيە ئىلمى تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ھېساب توغرا چىقمايدۇ.

8- سۇئال: ئەگەر يېڭى ئاينى كۆرەلمىسەك، شەئبان ئېيىنى ئوتتۇز كۈن تولۇق ساناشنىڭ ھۆكۈمى نېمە؟

جاۋاب: ناۋادا يېڭى ئاينى كۆرەلمىسەك، ھاۋا ئوچۇق ياكى بۇلۇتلۇق بولغان ۋە ياكى يامغۇر ياغقان سەۋەبلىك شەك بولۇپ قالسا، شەئبان ئېيىنى تولۇق ئوتتۇز كۈن ساناپ بولغاندىن كېيىن روزا تۇتۇش ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى ئاسماندىكى ئاي ئوتتۇز كۈندىن ئارتۇق بولمايدۇ، بەزىدە ئوتتۇز كۈندىن كەم بولىدۇ.

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئەگەر ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ قالسا، شەئبان ئېيىنى تولۇق ئوتتۇز كۈن توشقۇزۇڭلار» دېگەن.① مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىلەرگە رامىزاننىڭ يىگىرمە توققۇزىنچى كۈنى ھاۋا تۇتۇق بولۇپ قالسا، روزىنى ئوتتۇز كۈن تۇتۇڭلار». مانا بۇ — روزا تۇتۇش بىلەن پەرز بولىدىغان ئىككىنچى ئىش، يەنى شەئباندىن ئوتتۇز كۈننى ساناشتۇر.

9- سۇئال: رامىزان كىرىشتىن ئىلگىرى، رامىزان ئېيى ئۈچۈن «ئېھتىيات كۈنى» دەپ بىر كۈن روزا تۇتۇش جائىز بولامدۇ؟

جاۋاب: جائىز بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ كۈن — «شەك كۈنى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ كۈندە روزا تۇتۇشتىن رەسۇلۇللاھ ﷺ توسقان. ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى شەك كۈنى روزا تۇتسا، ئۇ ئەبۇ قاسىمغا (يەنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە) ئاسىي بولغان بولىدۇ».② يەنە كېلىپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ رامىزاندىن بىر - ئىككى كۈن بۇرۇن روزا تۇتۇشتىن توسۇپ مۇنداق دېگەن: «سىلەر رامىزاندىن بىر - ئىككى كۈن بورۇن روزا تۇتماڭلار، ئەمما ھەر ئاينىڭ بېشى ۋە ئاخىرىدا روزا تۇتۇپ ئادەتلەنگەن كىشى بولسا، شۇ كۈندىكى روزىسىنى تۇتسا بولىدۇ».③

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

② تىرمىزى «ھەسەن» دېگەن، ئىبنى ھەجەر «سەھىھ» دېگەن.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەسلى قائىدە: ئاي كۆرەلمىگەن ۋاقىتتا، شەئباندىن ئوتتۇز كۈن تولۇق سانىلىدۇ. چۈنكى رامىزان روزىسى — ئاي كۆرۈش ياكى شەئبان ئېيىدىن ئوتتۇز كۈننى تولۇق ساناش بىلەن بولىدۇ.

10- سوئال: شەئبان ئېيىنىڭ ئوتتۇزىنچى كېچىسى ئاي كۆرۈش قىيىن بولسا ۋە ئاينى كۈندۈزى كۆرسە قانداق قىلىدۇ؟

جاۋاب: ئەگەر شەئبان ئېيىنىڭ ئوتتۇزىنچى كۈندۈزى كۈن قايرىلىشتىن ئىلگىرى ياكى كۈن قايرىلغاندىن كېيىن ئاي كۆرۈلسە، بۇ ئاي كېلىدىغان كېچىنىڭ ئېيى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر يىگىرمە توققۇزىنچى كۈنى كۈندۈزى ئاي كۆرۈلسە، «بۇ ئاي ئۆتۈپ كەتكەن كېچىنىڭ ئېيى» دېيىش توغرا ئەمەس، ئەسلى ئۇ كېلىدىغان كېچىنىڭ ئېيى ھېسابلىنىدۇ ۋە بۇ كۈندۈز شەئبان ئېيىنى تولۇقلىغۇچى بولىدۇ.

11- سوئال: ئەگەر بىرگە قوشنا بولغان دۆلەتتە ئاي كۆرگەن بولسا، بىزگىمۇ رامىزان روزىسى تۇتۇش ۋاجىپ بولامدۇ؟

جاۋاب: ئەگەر بىرەر شەھەردە ئاي كۆرسە، پۈتۈن ئىنسانلارغا ھۆكۈم ۋاجىپ بولىدۇ. مانا بۇ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بىلەن ئىمام ئەھمەدنىڭ قارىشى، چۈنكى شەھەر يېقىن بولسۇن ياكى يىراق بولسۇن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق. بۇنىڭ دەلىلى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاي كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار ۋە ئاي كۆرۈپ ئىپتار قىلىڭلار (ھېيت قىلىڭلار)».[1]

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۆلىمالار ئېيتىدۇكى: «مانا بۇ پۈتكۈل مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىتاب، كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئاي كۆرۈشى شەرت قىلىنمايدۇ. ناۋادا بىرەر شەھەر ئەھلى ئاي كۆرسە، ئۇنىڭغا پۈتكۈل مۇسۇلمانلار رىئايە قىلىدۇ».

بۇ ھەقتە ئىمام شافىئىينىڭ قارىشى ئوخشىمايدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر شەھەر ئەھلىنىڭ ئاي كۆرۈشى بىلەن پۈتۈن ئىنسانلارغا روزا تۇتۇشى ۋاجىپ بولمايدۇ، روزا تۇتۇش پەقەت ئاينى كۆرگەن شەھەر ئەھلىگىلا ۋاجىپ بولىدۇ». ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىدا، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدىكى سۆزىنى دەلىل قىلدى. بۇ قاراشنى تىرمىزى تاللىغان.

ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، روزا تۇتۇش ياكى ھېيت قىلىش ئاي كۆرۈلگەن ئورۇندىن يىراقتىكى كىشىلەرگە ۋاجىپ بولمايدۇ. ناۋادا ئاينىڭ چىققان - چىقمىغانلىقىدا ئىختىلاپ بولسا، ئاي كۆرمىگەن كىشىلەرگە ۋاجىپلىق ھۆكۈمىمۇ چۈشمەيدۇ ۋە روزىمۇ تۇتمايدۇ. ئەمما يېقىندىكى كىشىلەر ئاي چىققانلىقى كۆرسە، ھەممىسىگە بىردەك ئۇ ئايدا روزا تۇتۇش ياكى ھېيت قىلىش ۋاجىپ. اللە ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر!

12- سوئال: نىيەت قىلماي روزا تۇتسا دۇرۇس بولامدۇ؟

جاۋاب: رامىزان كېچىسىنىڭ قايسى ۋاقتىدا بولمىسۇن روزىنى نىيەت قىلىش ۋاجىپ. چۈنكى روزا تۇتۇش رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەدىسىگە ئاساسەن نىيەت قىلىش بىلەن توغرا بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن بارلىق ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق. ھەرقانداق

ئىنسان پەقەت ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ».① يەنە مۇنداق دېگەن: «تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى روزىغا نىيەت قىلمىغان كىشىگە روزا يوق».② ئەمما نەفلە روزا تۇتقۇچى ئۈچۈن ئۇنداق ئەمەس. ئۇ روزا تۇتۇشنى مەقسەت قىلىپ قالسا، كېچە ياكى كۈندۈزنىڭ قايسى ۋاقتىدا نىيەت قىلسا بولىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ مېنىڭ قېشىمغا كىرىپ: «سىلەردە يېگۈدەك بىرەر نەرسە بارمۇ؟» دېۋىدى، بىز: «يوق» دېدۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنداقتا مەن روزا تۇتاي» دېدى.③

13- سوئال: رامىزان كىرگەنلىكىنى بىلمەي قېلىپ، ئۇ كۈنى مەقسەتسىز روزا تۇتمىغان ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزغان كىشى قانداق قىلىدۇ؟

جاۋاب: ئۇ كۈنىنىڭ رامىزان ئىكەنلىكى ئېنىق بولسا، ئۇ كىشى كۈندۈزدە يەپ - ئىچىشتىن توختاش ۋە كېيىنكى كۈنلەردە روزا تۇتۇش ۋاجىپ بولىدۇ ھەمدە تۇتمىغان بۇ كۈنىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. بۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى دەلىل، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەسلەم قەبىلىسىدىن بىر كىشىنى بۇيرۇپ: «كىشىلەرگە جاكارلىغىنكى، كىمكى روزا تۇتمىغان بولسا، ئۇ كۈنىنىڭ قالغان قىسمىدا روزا تۇتسۇن؛ كىمكى

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

② ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ مۇسلىم رىۋايىتى.

روزا تۇتقان بولسا ، روزىسىنى تولۇق قىلسۇن ، ھەققەتەن بۇ كۈن ئاشۇرا كۈندۇر» دېدى.[1]

14- سوئال: كىچىك بالا روزا تۇتامدۇ ؟

جاۋاب: ئەگەر كىچىك بالىلار تاقەت قىلالىسا روزا تۇتۇشقا بۇيرۇلىدۇ. بۇنىڭدا تاقەت ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى كىچىك بالىلار گاھىدا نامازغا تاقەت قىلالايدۇ ، ئەمما روزىغا تاقەت قىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ بەدەن ئىقتىدارىغا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ ھەمدە ئۇ بالىغا ئىگە بولغۇچىنىڭ بالىلارنى روزىغا قىزىقتۇرۇش بىلەن بىرگە روزىدىن چەكلەپ قويۇشى توغرا ئەمەس. بەلكى ئۇ كىچىك بالىنى روزا تۇتۇشقا رىغبەتلەندۇرۇش ۋە قىزىقتۇرۇش ۋاجىب بولىدۇ. ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بالىلىرىنى ، گەرچە ئۇلار كىچىك بولسىمۇ ، روزا تۇتقۇزاتتى ۋە تاكى روزىسى تولۇق بولغانغا قەدەر ئۇلارغا يۇڭدىن ئويۇنچۇقلارنى ياساپ بېرەتتى.

15- سوئال: بىر بالا رامىزان ئېيىنىڭ كۈندۈزلىرى بالاغەتكە يەتكەن بولسا قانداق قىلىدۇ ؟

جاۋاب: ئەگەر بىر بالا رامىزان ئېيىنىڭ كۈندۈزلىرى بالاغەتكە يەتكەن بولسا ، ئۇنىڭغا روزا پەرز بولىدۇ ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تاماقتىن توختايدۇ. ئەگەر روزا تۇتقان بولسا ، روزىسىنى تولۇق قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ ؛ ئەگەر روزا تۇتمىغان بولسا ، ئۇ كۈننىڭ كېيىنكى كۈنلىرىدە يەپ - ئىچىشتىن توختايدۇ ھەمدە ئۇ رامىزان پەرز بولغان

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

كىشلەردىن ھېسابلىنىدۇ ۋە قازاسىنى ئادا قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇ بالاغەتكە يېتىشتىن ئىلگىرى رامىزان پەرز بولغان كىشلەردىن ئەمەس ئىدى. يەنە بىر قاراشتا، ئۇ ئېھتىيات يۈزىسىدىن روزىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. ئېھتىياتنى تۇتۇش ئەۋزەل. الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر!

16- سوئال: رامىزان ئېيىنىڭ كۈندۈزلىرى مۇسۇلمان بولغان كاپىر قانداق قىلىدۇ؟

جاۋاب: ئەگەر بىر كىشى رامىزان ئېيى ئىچىدە مۇسۇلمان بولغان بولسا، ئۇنىڭغا مۇسۇلمان بولغان ۋاقىتتىن باشلاپ روزا تۇتۇش ۋاجىپ بولىدۇ. ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى ئادا قىلىش تەلەپ قىلىنمايدۇ، ئەمما مۇسۇلمان بولغان رامىزان ئېيىنىڭ كۈندۈزى تۇتمىغان بولسا، شۇ كۈننىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى، ئەسلەم قەبىلىسى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سىلەر بۈگۈن روزا تۇتتۇڭلارمۇ؟» دېۋىدى، ئۇلار: «ياق» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنداقتا كېيىنكى كۈنلىرىڭلاردا تۇتۇڭلار ۋە قازاسىنى قىلىڭلار» دېدى.[1]

17- سوئال: نىپاسدار ۋە ھەيزدار ئاياللار رامىزان ئېيىنىڭ كۈندۈزلىرى پاكلانسا قانداق قىلىدۇ؟

جاۋاب: ئەگەر نىپاسدار ياكى ھەيزدار ئاياللار رامىزان ئېيىنىڭ كۈندۈزلىرىدە پاكلانسا، يەپ - ئىچىشتىن توختايدۇ ۋە ئۇ كۈننىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئايال كىشى رامىزاننىڭ كۈندۈزلىرى ھەيزدار

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

ياكى نىپاسدار بولۇپ قالسا ، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ ۋە ئۇ كۈنىنىڭ ئورنىغا بىر كۈن قازاسىنى تۇتىدۇ.

18- سوئال: رامىزان ئېيىنىڭ كۈندۈزلىرى ئۇنتۇپ قېلىپ ئىپتار قىلىۋەتكەن بولسا قانداق قىلىدۇ ؟

جاۋاب: كىمكى رامىزان ئېيىنىڭ كۈندۈزلىرى ئۇنتۇپ قېلىپ يېگەن ياكى ئىچكەن بولسا ۋە ياكى مەجبۇر بولۇپ قېلىپ يېگەن ۋە ئىچكەن بولسا ، ئۇنىڭ قازاسىنى قىلمايدۇ ، گۇناھكار بولمايدۇ ۋە كەففارەتمۇ تۆلىمەيدۇ. بۇنىڭغا دەلىل ، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى روزا تۇتۇپ تۇرۇپ ، ئۇنتۇپ قېلىپ يەپ - ئىچىپ سالغان بولسا ، ئۇ كىشى روزىسىنى داۋاملاشتۇرىۋەرسۇن. ئۇ ئىش الله تعالى نىڭ ئۇنىڭغا تائام ۋە ئۇسسۇزلۇق بەرگىنى بولىدۇ».[1]

19- سوئال: بىر كىشى رامىزاندا قۇسقان بولسا روزىسى بۇزۇلامدۇ ؟ ئۇنىڭ قازاسىنى ئادا قىلامدۇ ؟

جاۋاب: رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئۇممىتىمدىن بىلمەستىن ، ئۇنتۇپ قېلىپ ۋە مەجبۇرلىنىپ قىلىنغان ئىشلىرى كۆتۈرۈۋېتىلدى».[2]

روزىدار بىر كىشىگە قۇسۇش غالىب كېلىپ قۇسۇپ قالسا ، روزىسىنى تولۇق قىلسۇن ھەمدە ئۇنىڭغا قازاسىنى قىلىش ۋە كەففارەت

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئىبنى ماجە رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

تۆلەش يوق. چۈنكى ئۇ قەستەن قىلغان ئەمەس. ئەمما قەستەن قۇسقان كىشى روزىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىگە قۇسۇش غالىب كېلىپ قۇسقان بولسا (روزىسىنىڭ) قازاسىنى قىلمايدۇ، لېكىن قەستەن قۇسقان كىشى ئۇنىڭ قازاسىنى قىلسۇن».[1]

20- سوئال: بىر ئەر رامىزان ئېيىنىڭ كۈندۈزى ئايالى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: بىر كىشى رامىزان ئېيىنىڭ كۈندۈزى ئايالى بىلەن قەستەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ ۋە كەففارەت تۆلەيدۇ. كەففارەت ئۈچۈن بىر مۇئمىن قۇلنى ئازات قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىسا، ئىككى ئاي ئۇزۇلدۇرمەي روزا تۇتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا، ئاتمىش مىسكىن تويغۇدەك تائام بېرىدۇ.

ئەمما ئايال كىشى ئېرىگە مەجبۇرلانماستىن ياكى ئۇنتۇپ قالماستىن، ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ھاراملىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتە ئېرىگە بويسۇنغان بولسا، ھۆكۈم جەھەتتە قىياس قىلىش بىلەن، ئۇ ئايالمۇ روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ ۋە كەففارەت تۆلەيدۇ. چۈنكى شەرىئەت تەكلىپلىرىدە ئەر بىلەن ئايال باراۋەر. بۇ جۇمھۇر (يەنى كۆپچىلىك) ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر.

21- سوئال: بىر ئەر رامىزان ئېيىنىڭ كۈندۈزى «كۈن كىرىپ بولدى» دەپ گۇمان قىلىپ ياكى «تاڭ ئاتمىدى» دەپ ئويلاپ، ئايالى

[1] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە ، كېيىن ئۇنىڭ قارشىسى ئاشكارا بولۇپ قالسا (يەنى كۈن تېخى كىرمىگەن ياكى ئاللىبۇرۇن تاڭ ئېتىپ بولغانلىقى مەلۇم بولسا) قانداق قىلىدۇ ؟

جاۋاب: فىقھى ئۆلىمالار ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىشقا بىرلىككە كەلدى ، ئەمما كەففارەت بېرىش - بەرمەسلىك ھەققىدە ئىختىلاپلىشىپ قالدى. ئەبۇ ھەنىفە ، مالىك ۋە شافىئىي قاتارلىق ئالىملار: «قەستەن ئەمەس بەلكى سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن ، كەففارەت ۋاجىپ ئەمەس» دېدى. بۇ قاراش — شەرىئەتنى ۋە دىننى ئاسانلاشتۇرۇشقا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

22- سوئال: قولدا ھۆزۈرلىنىش روزىنى بۇزامدۇ ؟

جاۋاب: مەنىي چىقىشقا سەۋەب بولىدىغان ھەرقانداق بىر ۋاستە بىلەن قەستەن قىلغان بولسا ، ئۇ روزىنى بۇزىدۇ ۋە ئۇ الله تعالى نىڭ ئازابىغا لايىق گۇناھ قىلغان بولىدۇ. مۇسۇلمان بۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىشى كېرەك ، قوللىنىلغان ۋاستە مەيلى باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق ياكى ئاياللىنىڭ قولى ئارقىلىق ۋە ياكى تەكرار قاراش بىلەن قەستەن بولغان بولۇپ ، شۇ ئىشلارنى قىلىش بىلەن لەززەتلىنىپ ، مەنىي چىققان بولسا ، ئۇ كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ.

23- سوئال: مەزى روزىنى بۇزامدۇ ؟

جاۋاب: روزىنى بۇزمايدۇ ۋە روزىسىنىمۇ بىكار قىلىۋەتمەيدۇ.

24- سوئال: ئاسما ئوكۇل ۋە داۋالىنىش سايمانلىرى روزىغا تەسىر كۆرسىتەمدۇ ۋە بۇزامدۇ؟

جاۋاب: ئىبنى ئۇسەيمىن مۇنداق دەيدۇ: داۋالىنىدىغان يىگنە ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1. ئۇ كىشى يىگنە بىلەن غىزالىنىشنى ۋە يەپ - ئىچىشتىن بىھاجەت بولۇشنى مەقسەت قىلغان بولسا (يەنى ئوزۇقلىنىش شەكلىدە بولسا)، ئۇ ھالدا ئۇ كىشىنىڭ روزىسى سۇنىدۇ، شەرئى تېكىستكە قايسى شەكىلدە مەنا تېپىلسا، شۇ شەكىلگە ئاشۇ تېكىستنىڭ ھۆكۈمى بىلەن ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

2. ئۇ كىشى يىگنە ئارقىلىق غىزالانمىسا ياكى يەپ - ئىچىشتىن بىھاجەت بولمىغان بولسا (يەنى ئوزۇقلىنىش شەكلىدە بولمىغان بولسا)، ئۇ كىشى ئىپتار قىلغان بولمايدۇ.

25- سوئال: روزىدار كېسەل بولسا، ئۇنىڭ قان ئالماشتۇرۇشىنىڭ ھۆكۈمى نېمە؟

جاۋاب: ئىبن باز مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ كېسەل كىشى پاكىز قاندىن ئوزۇقلانغانلىقى سەۋەبلىك ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى ئۇ كىشى ئاشۇ قان بىلەن ئوزۇقلانغانلىق سەۋەبلىك ئۇ كىشى ئىپتار قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ (يەنى روزىسى سۇنغان بولىدۇ). چۈنكى قان – تائام ۋە ئىچىملىكنىڭ يىغىندىسىدۇر. كۈچلۈك قاراش

بويىچە، كېسەل تۇرۇپ قان سالدۇرغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ».

26- سوئال: ئوكسىگېن سۈمۈرۈش ۋە نەپەسلىنىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلىتىش بىلەن روزا سۇنامدۇ؟

جاۋاب: روزا تۇتقۇچىنىڭ نەپسى قىستاش سەۋەبى بىلەن ئوكسىگېن سۈمۈرۈشى جائىز، چۈنكى ئوكسىگېن ئاشقازانغا يېتىپ بارماي بەلكى كاناي يوللىرىدىن ئۆپكىگە يېتىپ بارىدۇ. ئۇ يېگەن ۋە ئىچكەن بولمايدۇ.

27- سوئال: چاڭ - توزان، پاشا ياكى كىچىك ھاشارەتلەر روزىنى بۇزامدۇ؟

جاۋاب: ئەگەر روزا تۇتقۇچىنىڭ بۇرنىغا چاڭ - توزان، ئۈن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر كىرىپ كەتسە، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ. ۋەزىر دېگەن كىشى مۇنداق دەيدۇ: « <چاڭ - توزان، تۈتۈن، چىۋىن ۋە چۈسا روزا تۇتقۇچىنىڭ گېلىغا كىرىپ كەتسە، ئۇ نەرسىلەر روزىنى بۇزمايدۇ> دېگەن قاراشقا ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن».

28- سوئال: تۈكۈرۈك ۋە ئۇنى يۇتۇش روزىنى بۇزامدۇ؟

جاۋاب: تۈكۈرۈك ئىنساننىڭ تەبىئىتىدىن بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىش قىيىن، ئۇنى يۇتقان بولسا روزا بۇزۇلمايدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلدى: «بىر كىشى تۈكۈرۈكنى ئېغىزىدا قەستەن جۇغلاپ، ئاندىن ئۇنى قەستەن يۇتقان بولسا، روزىنى بۇزغان بولمايدۇ؛ لېكىن

تۆكۈرۈكنى ئېغىزىدىن چىقىرىپ ، ئۇ كىيىمگە ياكى بارماقلىرىغا چۈشسە ، ئاندىن ئۇنى يۇتقان بولسا ، ئۇ كىشى ئېغىزىنىڭ غەيرىدىن بىر نەرسىنى يۇتقانغا ئوخشاش بولىدۇ».

باشقا كىشىنىڭ ۋە كىچىك بالىنىڭ تۆكۈرۈكنى يۇتۇش ھەم سىرتتىن بىر نەرسىنى يۇتقانغا ئوخشاش.

29- سۇئال: بەلغەم روزىنى بۇزامدۇ ؟

جاۋاب: بەلغەم ھەققىدىكى ئەڭ كۈچلۈك قاراش: ئۇ روزىنى بۇزمايدۇ ، چۈنكى ئۇ ئېغىزدىكى ئادەت ، ئۇ تۆكۈرۈككە ئوخشاش سىرتتىن يەتمىگەن ، شۇڭا ئۇ يەپ - ئىچكەنلىك بولمايدۇ. ئەسلى روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

30- سۇئال: بىر كىشى «سوھۇرلۇق ۋاقتى» دەپ ئويلاپ قېلىپ ، تاڭ ئاتقانلىقنى بىلمەي ، يەپ - ئىچكەن بولسا قانداق بولىدۇ ؟

جاۋاب: ئەگەر ئۇ ، تاڭ ئېتىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ۋاقتىنىڭ توشقانلىقىنى بىلمەي قېلىپ ، يېگەن ياكى ئىچكەن بولسا ، ئۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ ، قازاسىنى تولۇقلاشمۇ كەلمەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ، ئەگەر ئۇنتۇپ قېلىپ يېگەن بولسىمۇ ، قازاسىنى قىلىش يوق ، بۇ ھەقتە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ فِيمَا أَخْطَأْتُم بِهِ وَلَكِن مَّا تَعَمَّدَتْ قُلُوبُكُمْ﴾ «سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا

سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان ئىشىڭلاردا (سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ)». [1]

ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «بىز پەيغەمبەر ﷺ زامانىدا بۇلۇتلۇق بىر كۈنى (كۈن پاتتى دەپ ئويلاپ قېلىپ) ئىپتار قىلدۇق، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي كۈن چىقتى». [2]

ئۇلار قازاسىنى قىلىشقا بۇيرۇلمىدى. ئەگەر قازاسىنى قىلىش پەرز بولغان بولسا، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى ئۈممەتكە يەتكۈزەتتى. يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىلمەستىن، ئۇنتۇپ قېلىپ ۋە مەجبۇرلىنىپ قىلىنغان ئىشلىرى كۆتۈرۈۋېتىلدى». [3]

31- سوئال: رامىزاننىڭ كۈندۈزلىرى قان ئالدۇرسا روزا سۇنامدۇ؟

جاۋاب: ئالىملارنىڭ توغرا قارىشىدا، رامىزاندا قان ئالدۇرسا روزا سۇنمايدۇ. ئەگەر روزا تۇتقۇچى قان ئالدۇرسا، ئاجىزلاپ كېتىشتىن قورقسا، قان ئالدۇرماسلىق ئەۋزەل. رەسۇلۇللاھ ﷺ روزا تۇتقۇچىنى قان ئالدۇرۇشتىن ۋە ئۇزۇلدۇرمەي روزا تۇتۇشتىن توستى، لېكىن ئۇنى ھارام دېمىدى.

---

[1] سۈرە ئەھزاب 5- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] بۇخارى رىۋايىتى.

[3] ئىبنى ماجە رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە مۇنداق كەلگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ روزا تۇتقۇچىنى قان ئالدۇرۇشقا رۇخسەت قىلدى».[1]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ روزا تۇتقان ھالىتىدە قان ئالدۇرغان. بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن:« رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەجگە ئىھرام باغلىغان ۋە روزىدار ھالەتلىرىدە قان ئالدۇرغان ئىدى».

32- سوئال: كۆزگە دورا تېمىتسا روزىسى سۇنامدۇ ؟

جاۋاب: داۋالىنىش ئۈچۈن كۆزگە دورا تېمىتسا روزا سۇنمايدۇ. چۈنكى كۆزگە دورا تېمىتسا ، ئۇ شەرئى ھالەتتە روزىنى سۇندۇرىدىغان يېيىش - ئىچىشكە ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ، قۇلاققا دورا تېمىتىش روزىنى سۇندۇرمايدۇ ، لېكىن كېچىدە ئىشلىتىش ياخشى ، الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

33- سوئال: سۈرمە تارتسا روزا سۇنامدۇ ؟

جاۋاب: شەۋكانى مۇنداق دېگەن: «جۇمھۇر ئۆلىمالارنىڭ سۆزىنىڭ ئەڭ توغرىسى سۈرمە تارتسا روزا سۇنمايدۇ ، چۈنكى سۈرمىنى تارتقاندىن كېيىن ، ئۇ ئۆز ئورنىدىن يۆتكەلمەيدۇ».

---

[1] دارىقۇتنى رىۋايىتى. ئىبنى ھەجەر «سەھىھ» دېگەن.

ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: «سۇرمە كىشىنى غىزالاندۇرمايدۇ ۋە بۇرنىدىن ياكى ئېغىزىدىن ئىچكى قىسىملارغا كىرمەيدۇ. مانا بۇ — سۇرمىنىڭ روزىنى سۇندۇرمايدىغانلىقىغا دەلىلدۇر».

34- سوئال: روزا تۇتقۇچى ئايالىنى سۆيسە بولامدۇ ؟

جاۋاب: ئەگەر روزا تۇتقۇچى ئۆز ھېسسىياتىنى كونترول قىلالىسا ، ئايالىنى سۆيۈشى دۇرۇس ؛ ئەمما ئۆز ھېسسىياتىنى باسالماي قېلىشتىن ئەنسىرىسە ، سۆيۈش دۇرۇس ئەمەس. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ روزىدار ھالىتىدە ئاياللىرىنى سۆيەتتى ۋە قۇچاقلايتتى ، لېكىن ئۇ سىلەرگە قارىغاندا ئۆزىنى بەكرەك تۇتۇۋالالايتتى». [1]

35- سوئال: رامىزان ئېيىنىڭ كۈندۈزلىرى چىش پاستىسى ئىشلىتىشنىڭ ھۆكۈمى نېمە ؟

جاۋاب: ئۇنى ئىشلەتسە گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئاشقازانغا كىرمەيدۇ ، ئەمما ئۇنى ئىپتارغىچە كېچىكتۈرۈش ئەڭ ئەۋزەل.

36- سوئال: تېرە ئۇچۇن ھۆللۈك ساقلايدىغان ماينى ئىشلىتىشنىڭ روزىغا تەسىرى بولامدۇ؟ ئەگەر ئۇ تېرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولمايدىغان ماي بولسا قانداق بولىدۇ ؟

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

جاۋاب: ئىبنى جىبرىن مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىر كىشىنىڭ شۇنىڭغا ئېھتىياجى چۈشۈپ قالغان بولسا، روزا تۇتقان بولسىمۇ، جىسمىغا ماي ئىشلىتىشتە گۇناھ بولمايدۇ، چۈنكى ماي تېرىنىڭ ئۈستىنى نەمدەيدۇ، ئەمما جىسمىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. ئەگەر تەر تۆشىكىدىن جىسمىغا ھۆللۈك كىرىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بولسىمۇ، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ».

37- سۇئال: روزىدار ھالەتتە تاماق پۇشۇرغان كىشى تاماقنىڭ تۇزىنى تېتىسا، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلامدۇ؟

جاۋاب: شەيخ ئىبنى جىبرىن مۇنداق دەيدۇ: «روزىدار كىشىنىڭ ئېھتىياج تۈپەيلىدىن تاماقنى تېتىشى گۇناھ بولمايدۇ، ئۇ تاماقنىڭ تۇزىنى تىلىنىڭ بىر تەرىپىدە تېتىيدۇ. لېكىن ئۇ تاماقتىن بىر نەرسىنى يۇتۇۋېتىشى توغرا ئەمەس، بەلكى ئۇنى تۈكۈرۈۋېتىدۇ ۋە چىقىرىۋېتىدۇ».

38- سۇئال: رامىزان ئېيىنىڭ كۈندۈزلىرىدە سالقىنلاش ئۈچۈن يۇيۇنۇش دۇرۇس بولامدۇ؟

جاۋاب: سالقىنلاش ئۈچۈن يۇيۇنۇش دۇرۇس، چۈنكى پاكىزلىقنى تەلەپ قىلىشتا، گەرچە ھۆزۈر ھېس قىلسىمۇ مەكرۇھ بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ روزىغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. بۇنىڭ دەلىلى، ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئابدۇراھماننىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بەزى ھەمراھلىرىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدۇر. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «مەن

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ روزىدار ھالىتىدە ئۇسسۇزلۇقتىن ۋە قىزىپ كەتكەنلىكتىن بېشىغا سۇ تۆككەنلىكىنى كۆردۇم».[1]

39- سوئال: ئەگەر بىر كىشى رامىزان ئېيىدا كۈندۈزى تاڭ ئېتىپ بولغاندىن كېيىن جۇنۇپ بولۇپ قالسا قانداق قىلىدۇ؟

جاۋاب: مەيلى ئۇ كىشى، جىمادىن ياكى ئېھتىلامدىن جۇنۇپ بولۇپ قېلىپ، شۇ ھالىتىدە تاڭ ئاتقۇزغان بولسىمۇ، ئۇ كىشىنىڭ روزىسى دۇرۇس بولىدۇ، بۇ جۇمھۇر ئۆلىمالارنىڭ قارىشى. ئىمام نەۋەۋى ئۆلىمالارنىڭ بۇنىڭغا بىرلىككە كەلگەنلىكىگە جەزم قىلدى، ئىبنى دەقىقۇل ئىيد ئۆزىنىڭ ھەم ئۆلىمالارنىڭ بىرلىككە كەلگەن شۇ قارىشىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

40- سوئال: كېسەل بولۇپ قالغان كىشى رامىزان ئېيىدا روزا تۇتمىسا بولامدۇ؟

جاۋاب: ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ كېسىلى دوختۇرلار تەرىپىدىن ئېنىقلانغان بولسا ھەمدە كېسەل سەۋەبىدىن روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمىسا، ئۇ كىشىنىڭ روزا تۇتماسلىقىغا رۇخسەت، ئەمما رامىزاندىن كېيىن كېسەلدىن ساقايسا ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. ئەگەر ساقىيىشىغا ئۈمىد يوق كېسەل بولۇپ قالسا، ھەر كۈنى ئۈچۈن بىر مىسكىنگە تائام بېرىدۇ ۋە قازاسىنى قىلمايدۇ.

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

41- سوئال: ھاملدار ۋە بالا ئېمىتكۈچى ئايال رامزاندا روزا تۇتمىسا دۇرۇس بولامدۇ ؟

جاۋاب: ھاملدار ۋە بالا ئېمىتكۈچى ئاياللارغا روزا تۇتماسلىقتا رۇخسەت بار ، ئەمما كېيىن ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ.

«ئەگەر ئۇ ئايال بالىسىغا تەسىر قىلىشىدىن قورقۇپ ئېپتار قىلغان بولسا ، پەقەت قازاسىنىلا قىلامدۇ ياكى قازا ۋە كەففارەت كېلەمدۇ ؟» دېگەن سوئال ھەققىدە ئىختىلاپ بار. ئەڭ ئەۋزەلى كەففارەت بىلەن بىرگە قازاسىنى قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر ۋە ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ ، بۇ ئىمام شافئى ۋە ئەھمەدنىڭ قارىشى.

42- سوئال: ياشىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمىغان كىشى روزا تۇتمىسا رۇخسەتمۇ ؟

جاۋاب: الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعَلَى الَّذِينَ يُطِيقُونَهُ فِدْيَةٌ طَعَامُ مِسْكِينٍ﴾ «روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا ، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىن تويغۇدەك تاماق فىدىيە بېرىشى لازىم».[1] ئەر - ئاياللاردىن ياشىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن روزا تۇتۇشقا قادىر بولالمىغان كىشى ،

[1] سۈرە بەقەرە 184- ئايەت.

تۇتمىغان ھەربىر كۈننىڭ ئورنىغا بىر مىسكىنگە تاماق بەرسە، روزا تۇتمىسا جائىز.

43- سوئال: مۇشەققەت تارتمىغان مۇساپىر ئۇچۇن ئىپتار قىلىش رۇخسەتمۇ؟

جاۋاب: مۇساپىرنىڭ رامىزان ئېيىنىڭ كۈندۈزلىرى سەپەردە روزىسىنى بۇزۇشىنىڭ دۇرۇسلىقى — اللّٰه تعالى نىڭ ئۆز بەندىلىرىگە قىلغان رۇخستى ۋە رەھمىتىدۇر، كۆپچىلىك ئۆلىمالار ۋە ئۇلارنىڭ قاتارىدىن تۆت ئىمام، سەپەردە روزىسىنى بۇزۇش ۋە روزا تۇتۇشنىڭ دۇرۇسلىقىغا بىرلىككە كەلدى. بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، ھەمزە ئىبنى ئەمر ئەسلەمى بەك كۆپ روزا تۇتىدىغان كىشى ئىدى، شۇسەۋەبتىن ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: «مەن سەپەردە روزا تۇتسام بولامدۇ؟» دەپ سورىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: «خالىساڭ تۇت، خالىساڭ تۇتمىساڭمۇ بولىدۇ» دېدى.[1] مانا بۇ ھەدىس ئىككىلىسىنىڭ دۇرۇسلىقىغا دەلىل. ئىمام ئەھمەد، سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، ئەۋزائى ۋە ئىسھاق: «روزا تۇتقۇچى، ھەتتا مۇشەققەت تارتمىغان بولسىمۇ ئىپتار قىلىش (روزىسىنى بۇزۇۋېتىش) ئەۋزەل» دەپ قارىدى.

44- سوئال: تۇتالماي قالغان روزىلىرىنى رامىزان ئېيىدىن كېيىن ئارقىمۇ - ئارقا تۇتۇش شەرت قىلىنامدۇ؟

---

[1] بۇخارى رىۋايىتى.

جاۋاب: ئۆلىمالار بۇ ھەقتە ئىختىلاپ قىلىشقان. ئىلگىرىكىلەردىن ۋە فىقھشۇناسلاردىن كۆپلىگەن كىشىلەر: «قازاسىنى قىلىشتا ئارقىمۇ - ئارقا قىلىش شەرت قىلىنمايدۇ» دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش — دىننى ئاسانلاشتۇرۇشقا ۋە شەرىئەتنى كەڭرى قىلىشقا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

45- سوئال: بىر كىشى ئۆزرىسىز تۇتالمىغان روزىسىنىڭ قازاسىنى تۇتۇۋاتقان ۋاقىتتا يەنە بىر رامىزان كىرىپ قالسا، ئۇ كىشى بۇ روزىنىڭ قازاسىنى ئۆزرىسىز قىلالمىغان بولسا، ئۇنىڭ ھۆكۈمى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: ئۇ كىشى شۇ يىلى كىرگەن رامىزان روزىسىنى تۇتىدۇ ۋە ئۇ ئاخىرلاشقاندا ئىلگىرى تۇتالمىغان روزىسىنىڭ قازاسىنى باشلايدۇ. كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشى بويىچە، (قازاسىنى قىلىش بىلەن بىرگە) ھەر كۈنگە بىر مىسكىنگە تائام بېرىش بىلەن كەففارىتىنى ئادا قىلىدۇ.

46- سوئال: ئەگەر بىر كىشىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئاتا - ئانىسىنىڭ تۇتالمىغان قازا روزىلىرىنى ئۇ ئادا قىلىپ قويسا بولامدۇ؟

جاۋاب: ئۆلۈكنىڭ رامىزاندىن قالغان ۋاجىب روزىسى بولسۇن ياكى ھايات چېغىدىكى نىيەت قىلغان نەزىر روزىسى بولسۇن، ئۇنىڭغا ئىگە بولغان كىشى ئۇنىڭ ھەربىر كۈنى ئۈچۈن ئادا قىلىپ قويىشى جائىز. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى قازا روزىسىنى ئادا قىلماستىن ۋاپات قىلسا،

قازاسىنى ئۇنىڭ ۋەلىيلىرى ئادا قىلسۇن». ① ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئايال رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئانام ۋاپات بولۇپ كەتتى ، ئۇنىڭ بىر ئايلىق قازا روزىسى بار ئىدى ، (ئۇنىڭدىن ئادا قىلىپ قويسام بولامدۇ ؟)» دەپ سورىۋىدى ، رەسۇلۇللاھ ﷺ: « ھەئە ، الله نىڭ قەرزىنى ئادا قىلىش ئەڭ ھەقلىقتۇر» دېدى. ②

47- سوئال: ئەگەر بىر كىشى رامىزاندا ئۆزرىسىز روزا تۇتمىسا قانداق بولىدۇ ؟

جاۋاب: ئۇ كىشى تەۋبە قىلىدۇ ، بۇ خەتەرلىك ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى قايتا قىلمايدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېدى: «كىمكى رامىزاندا ئۆزرىسىز ياكى كېسەل بولماي تۇرۇپ بىر كۈن روزا تۇتمىسا ، (باشقا ۋاقىتتا ئۇنىڭ قازاسىنى قىلمەن دەپ) ئۆمۈر بويى روزا تۇتسىمۇ ، ئۇ بىر كۈننىڭ قازاسىنى ئادا قىلىپ بولالمايدۇ» دېدى. ③ كۆپچىلىك ئۆلىمالار: «ئۇنىڭ ئورنىغا بىر كۈن قازاسىنى ئادا قىلسا بولىدۇ» دېدى.

48- سوئال: ئەگەر بىر كىشى رامىزاندا روزا تۇتسا ، ئەمما باشقىلارغا ئەرزىيەت بەرسە ۋە يالغان گۇۋاھلىق بەرگەن بولسا ئۇنىڭ ھۆكۈمى قانداق ؟

① بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

③ تىرمىزى رىۋايىتى. ئەلبانى «ئاجىز ھەدىس» دېگەن.

جاۋاب: رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى روزىدار تۇرۇپمۇ يالغان سۆز ۋە يالغان سۆز بىلەن ئىش قىلىشنى تەرك ئەتمەيدىكەن، ئۇ كىشىنىڭ يېمەي - ئىچمەي تۇتقان روزىسىغا الله تعالى نىڭ ھاجىتى يوق».[1] يەنە مۇنداق دەيدۇ: «روزا دېگەن يېيىش - ئىچىش بىلەن بولمايدۇ ، بەلكى بىكار سۆزلەردىن ۋە سەت گەپلەردىن ئۆزىنى يىغىش بىلەن بولىدۇ. ئەگەر سېنى بىر كىشى تىللىسا ۋە ئەرزىيەت بەرسە ، سەن: ‹مەن روزىدارمەن› دېگىن».[2]

ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ روزىسىنى بۇزماسلىقى ۋە ئەملىنى زايا قىلماسلىقى لازىم.

49- سوئال: سوھۇرلۇق يېيىشتە پەزىلەت ۋە ئالاھىدىلىكلەر بارمۇ ؟

جاۋاب: سوھۇرلۇق يېيىشكە قىزىقتۇرغان ھەمدە سەل قاراش ۋە تەرك ئېتىشتىن قورقۇتقان تۈرلۈك ئايەت - ھەدىسلەرگە ئاساسەن ، سوھۇرلۇق يېيىشتە كاتتا پەزىلەت بار. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «سوھۇرلۇق يەڭلار ، سوھۇرلۇقتا بەرىكەت بار».[3] ئەبۇ سەئىدتىن مەرفۇئ ھالەتتە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە[4]: «سوھۇرلۇق يېيىش —

---

[1] بۇخارى رىۋايىتى.

[2] ھاكىم ۋە بەيھەقى رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] بۇخارى رىۋايىتى.

[4] مەرفۇئ ھەدىس: تېكىستى پۈتۈنلەي رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئائىت بولغان ھەدىس.

بەرىكەتتۇر، بىر يۇتۇم سۇ ئىچىش بىلەن بولسىمۇ ئۇنى تەرك ئەتمەڭلار، اللە تعالى ۋە پەرىشتىلەر سوھۇرلۇق يېگۈچىگە دۇرۇد يوللاپ تۇرىدۇ».①

ئىمام مۇسلىم ئۆزىنىڭ كىتابىدىكى روزا بابىدا بايان قىلغان بىر ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ روزىمىز بىلەن ئەھلى كىتابنىڭ روزىسى ئارىلىقىدىكى پەرق — سوھۇرلۇق يېيىشتۇر» دېدى.

50- سوئال: رامىزاندا ئىپتارغا ئالدىراش سۈننەتمۇ؟

جاۋاب: ئىپتار قىلىشنى كېچىكتۈرمەي، ئالدىراش سۈننەت. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر ئىپتارنى كېچىكتۈرمىسىلا، دىن ھەمىشە غالىب بولۇپ تۇرىدۇ، چۈنكى يەھۇدى ۋە ناسارالار ئىپتارنى كېچىكتۈرىدۇ».② رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئۈممىتىم سوھۇرلۇقنى كېچىكتۈرسە ۋە ئىپتار قىلىشقا ئالدىرىسا، ياخشىلىق ئۈستىدە داۋام قىلىدۇ».③ رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «اللە تعالى ئېيتىدۇ: ‹بەندىلىرىمدىن ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈكى ئىپتارغا ئالدىرايدىغانلىرىدۇر› ».④

51- سوئال: روزا تۇتقۇچى ئىپتارنى نېمە بىلەن باشلايدۇ؟

---

① ئەھمەد رىۋايىتى. ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

② ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى. ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

③ ئەھمەد رىۋايىتى.

④ تىرمىزى رىۋايىتى.

جاۋاب: رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «خورما تاپالىغان كىشى خورما بىلەن ئىپتار قىلسۇن، ئەگەر تاپالمىسا سۇ بىلەن ئىپتار قىلسۇن، چۈنكى سۇ پاكتۇر». [1] ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلدى: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ناماز شامدىن بۇرۇن بىر قانچە ھۆل خورما بىلەن ئىپتار قىلاتتى، ئەگەر ھۆل خورما بولمىسا قۇرۇق خورما بىلەن، ئۇمۇ بولمىسا سۇ بىلەن ئىپتار قىلاتتى». [2]

شەۋكانى خورمىنىڭ بىر نەچچە پايدىسىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاتارىدىن: «خورما بىلەن ئىپتار قىلىش يولغا قويۇلدى، چۈنكى خورما تاتلىق، ھەرقانداق تاتلىق نەرسە بولسا روزا تۇتۇش سەۋەبىدىن چارچىغان كۆزنى روشەنلەشتۇرىدۇ».

52- سوئال: روزا تۇتقۇچىنىڭ ئىپتار قىلغاندا دۇئا قىلىشى توغرىمۇ؟

جاۋاب: ئىپتار قىلغان ۋاقىتتا دۇئا قىلىش سۈننەت، روزا تۇتقۇچى ئىپتار قىلغان ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆزى ياخشى كۆرگەن دۇئالارنى قىلسۇن، چۈنكى ئۇ دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىت. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «ئۈچ كىشىنىڭ دۇئاسى قايتۇرۇلمايدۇ، ئۇلار: ئادىل ئىمام، روزا تۇتقۇچى ئىپتار قىلغان ۋاقىتتا قىلغان دۇئا ۋە مەزلۇمنىڭ دۇئاسى». [3]

---

[1] تىرمىزى رىۋايىتى.

[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «روزىدارنىڭ ئىپتار ۋاقتىدا قىلغان دۇئاسى رەت قىلىنمايدۇ».[1] ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىپتار قىلسا «ئۇسسۇزلۇق كەتتى ، تومۇرلار سۇغۇرۇلدى ، الله خالىسا ساۋاب پۈتۈلدى» دەيتتى.[2]

53- سوئال: ئىپتارنى سوھۇرلۇق ۋاقتىغىچىلىك كېچىكتۈرۈش جائىز بولامدۇ ؟

جاۋاب: ئىمام ئەھمەد ۋە ئىسھاق دۇرۇس دەپ قارىدى ۋە بۇ قاراشنى ئىبنى قەييىم كۈچلەندۈرۈپ: «ئىپتارنى سوھۇرلۇق ۋاقتىغىچىلىك كېچىكتۈرۈش جائىز ، لېكىن ئىپتارغا ئالدىراش ئەۋزەل. روزىنى بىر كېچە - كۈندۈزدىن ئاشۇرۇۋېتىش مەكرۇھ» دېدى. ئەبۇ سەئىدتىن رىۋايەت قىلىندۇكى ، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: « سىلەر روزىنى ئۇلاپ تۇتماڭلار ، قايسىڭلار ئۇلاپ روزا تۇتماقچى بولسا ، سوھۇرغىچىلىك ئۇلاپ تۇتسۇن».[3]

ئەمما رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلاپ تۇتاتتى. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇنىڭغا قۇۋۋىتى بار ئىدى. بۇ الله تعالى نىڭ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە خاس قىلغان ياردىمىدۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۈممىتىگە كۆيۈنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلاپ روزا تۇتۇشتىن توستى.

---

[1] ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

[2] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى. ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[3] بۇخارى رىۋايىتى.

كىشىلەر: «سەن ئۇلاپ تۇتىدىكەنسەنغۇ؟!» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مەن سىلەرگە ئوخشىمايمەن، رەببىم مېنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ ۋە ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇرىدۇ» دېدى.[1]

54- سوئال: ئۆمرە ھەججى رامىزاننىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى قىلىشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە دەلىل بارمۇ؟

جاۋاب: رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «رامىزاندىكى ئۆمرە ھەجنىڭ ساۋابى پەرز ھەجنىڭ ساۋابىغا باراۋەر بولىدۇ».[2] بۇ سۆز رامىزاننىڭ ئەۋۋىلىنى ۋە ئاخىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەمما رامىزاننىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كېچىسىنى ئۆمرە ھەجگە خاس قىلىۋېلىش بىدئەت ھېسابلىنىدۇ.

55- سوئال: ئۆمرە ھەججى رامىزاننىڭ ئەۋۋىلىگە، ئوتتۇرىغا ۋە ئاخىرىغا بەلگىلەپ قىلىشتا پەزىلەت بارمۇ؟

جاۋاب: رامىزاندا ئۆمرە ھەج قىلىش ئەۋۋىلىگە، ئوتتۇرىغا ۋە ئاخىرىغا بەلگىلەنمەيدۇ، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يۇقىرىقى ھەدىسىگە ئاساسەن، رامىزاندىكى ئۆمرە ھەجنىڭ ساۋابى پەرز ھەجنىڭ ساۋابىغا باراۋەر بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆز ھەدىسىدە ئۆمرە ھەج ئۈچۈن مۇئەييەن بىر كۈننى بەلگىلىمىدى، ئەگەر بىر كىشى رامىزاندا سەپەر قىلىپ ئۆمرە ھەج قىلسا، ئۇ پەرز ھەجنىڭ ساۋابىغا ئېرىشكەن بولىدۇ.

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

56- سوئال: ئېتىكاپنىڭ مەنىسى نېمە؟

جاۋاب: ئېتىكاپنىڭ لۇغەت مەنىسى: بىر نەرسىنى لازىم تۇتۇش، ئۇنىڭغا ئۆزىنى توختىتىش دېگەنلىكتۇر.

شەرئى مەنىسى: ئاق - قارىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان ئەقىللىق مۇسۇلمانىنىڭ پەقەت اللە قا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن مەسجىدنى لازىم تۇتۇشى دېگەنلىكتۇر.

57- سوئال: «ئېتىكاپتا تۇرۇش پەقەت مەككە ۋە مەدىنىدىلا دۇرۇس بولىدۇ» دېيىش توغرىمۇ؟

جاۋاب: ئېتىكاپتا تۇرۇش — يولغا قويۇلغان سۈننەت، ئۇنىڭ ئورنى ئومۇميۈزلۈك مەسجىدنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، چۈنكى ئېتىكاپتا تۇرۇش — ھەرەم مەسجىدى ياكى ئەقسا مەسجىدى ۋە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا مەسجىدلەردە بولسۇن، اللە نى زىكىر قىلىش، ناماز ئوقۇش ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنى نىيەت قىلىش بىلەن بولىدۇ.

58- سوئال: ئېتىكاپنىڭ پايدىسى نېمە؟

جاۋاب: ئېتىكاپنىڭ پايدىسى كۆپ، ئۇ — دۇنيا ئىشلىرىدىن مەلۇم ۋاقىت قول ئۈزۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن اللە قىلا يۈزلىنىدىغان، خۇسۇسەن رامىزان ئېيىدىكى يامان ئىشلاردىن قول ئۈزىدىغان ئىبادەت ھاياتى. يامان ئىشلاردىن قول ئۈزۈش بولسا، ئېتىكاپتىن ئالىدىغان پايدا ۋە مەقسەتنى تولۇقلايدۇ، شۇنداقلا روزا تۇتقۇچى قەلبىنى جۇغلاش ۋە

نەپسنى تىنچلاندۇرۇشتىن ئىبارەت يوقتىپ قويغان نەرسىسنى تاپالايدۇ ۋە دۇنيادىن قول ئۈزۈپ الله قىلا يۈزلىنىدۇ.

59- سوئال: ئېتىكاپ جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان مەسجىدتە بولامدۇ ياكى جۈمە نامىزى ئوقۇلمايدىغان مەسجىدتىمۇ؟

جاۋاب: ئېتىكاپنى جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان چوڭ مەسجىدتە قىلىش ئەۋزەل، يەنى جۈمە نامىزىدىن قالماسلىق ئۈچۈن ئېھتىيات قىلىپ، چوڭ مەسجىدتە ئېتىكاپتا تۇرۇش ياخشى.

60- سوئال: ئېتىكاپنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن روزا تۇتۇش شەرتمۇ؟

جاۋاب: ئېتىكاپنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن روزا تۇتۇش شەرت ئەمەس. جۇمھۇر ئۆلىمالارنىڭ كۆز قارىشىدا، ئېتىكاپتا تۇرۇش ھەر ۋاقىت مۇتلەق سۈننەت. لېكىن رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدا ئېتىكاپتا تۇرۇش تەكىتلەنگەن سۈننەت. ئېتىكاپتا تۇرغۇچى روزا تۇتسا ياخشى ۋە نۇر ئۈستىگە نۇر بولىدۇ، لېكىن روزا تۇتماي ئېتىكاپتا تۇرسىمۇ تۆۋەندىكى دەلىل بىلەن ئۇ كىشىنىڭ ئېتىكاپى توغرا بولىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «مەن جاھىلىيەتتىكى ۋاقتىمدا ھەرەم مەسجىدىدە بىر كېچە ئېتىكاپتا تۇرۇشنى نەزىر قىلغان ئىدىم» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «نەزىرىڭگە ۋاپا قىلىپ، ئۇنى ئورۇنلىغىن!» دېدى.[1] بۇ ھەدىس رامىزان تۇتماي تۇرۇپ،

[1] بۇخارى رىۋايىتى.

ئېتىكاپتا تۇرۇشنىڭ جائىزلىقىغا دەلىل. ئەمما رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەگىشىش ئۈچۈن رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئېتىكاپتا تۇرۇش ئەۋزەل.

61- سوئال: ئېتىكاپتا تۇرغۇچىنىڭ ئېتىكاپتىن چىقىشى دۇرۇس بولامدۇ؟

جاۋاب: ئېتىكاپتا تۇرغۇچى پەقەت زۆرۈر بولغان ھاجىتى ئۈچۈن ئېتىكاپتىن چىقىشى دۇرۇس بولىدۇ. مەسىلەن، غۇسلى قىلىش ۋە يەپ - ئىچىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

62- سوئال: ئېتىكاپقا كىرىدىغان ۋاقىت قايسى؟

جاۋاب: ئېتىكاپنى ئىرادە قىلغان كىشى ئېتىكاپ ئورنىغا ئېتىكاپنى مەقسەت قىلغان كۈنى تاڭ ئاتقاندىن باشلاپ كىرىپ، رامىزاننىڭ ئاخىرقى كۈنى كۈن كىرىپ كەتكەندىن كېيىن چىقىدۇ، بەزى ئۆلىمالار: «ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچى ئېتىكاپىدىن ھېيت نامىزىغا چىقىش بىلەن چىقىشى مۇستەھەب» دەيدۇ.

63- سوئال: ئۆزىنىڭ شارائىتىگە قاراپ بىر - ئىككى كۈن ئېتىكاپتا تۇرۇش دۇرۇس بولامدۇ؟

جاۋاب: شۇنى نىيەت قىلىش شەرتىگە ئاساسەن، بىر - ئىككى كۈن ئېتىكاپتا تۇرۇش دۇرۇس بولىدۇ.

64- سوئال: ئېتىكاپنىڭ ئەركانلىرى قايسى؟

جاۋاب: ئېتىكاپنىڭ ئەركانلىرى: ئۇنى نىيەت قىلىش ۋە مەسجىدتە تۇرۇشتۇر ، چۈنكى ئېتىكاپ شەرىئەتتە پەقەت مەسجىدتىلا بولىدۇ.

65- سوئال: ئېتىكاپنىڭ شەرتى نېمە ؟

جاۋاب: ئېتىكاپنىڭ شەرتى: ئېتىكاپتا تۇرغۇچى — مۇسۇلمان ۋە بالاغەتكە يەتكەن بولۇشى ، شۇنداقلا ئاياللار بولسا ھەيز ۋە نىپاستىن ، ئەرلەر بولسا جۇنۇپلۇقتىن پاك بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ.

66- سوئال: ئېتىكاپنى نېمە بۇزىدۇ ؟

جاۋاب: ئېتىكاپنى ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە ھاجەتسىز ئېتىكاپتىن چىقىش بۇزىدۇ. ئېتىكاپتىن ھاجەت ئۈچۈن چىقىش ۋە ھاجىتىنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىش مۇباھ بولىدۇ.

67- سوئال: ئېتىكاپتا تۇرغۇچى كۆڭۈل بۆلۈشى ياخشى بولىدىغان ئەدەپلەر قايسى ؟

جاۋاب: ئېتىكاپتا تۇرغۇچى كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەدەپلەرنىڭ قاتارىدىن: شەرىئەتتە يولغا قويۇلغان زىكىر ، شەرئى ئىلىم دەرسلىرى ، قۇرئان ۋە نەپلە نامازلارنى كۆپ ئوقۇشلاردۇر.

68- سوئال: ئېتىكاپ ئارلىقلىرىدا مۇباھ بولغان ئىشلار قايسىلار ؟

جاۋاب: ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچى ئۈچۈن يەپ - ئىچىش ۋە ئۇخلاش ، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇۋاتقان باشقا كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىش ، چېچىنى

چۈشۈرۈش ، تىرناق ئېلىش ۋە ئېتىكاپنىڭ ئاخىرىغا قەدەر كېيىمنىڭ چىرايلىقىنى كىيىش مۇباھ بولىدۇ.

بۇ كىتاب ئازغىنە تىرىشچانلىق ۋە قىسقىغىنە ئەمەل بىلەن ئاخىرلاشتى. مەن بۇ كىتاب سەۋەبلىك الله تعالى نىڭ ئەجىر بېرىشىنى ۋە دىنىغا نۇسرەت بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. الله تعالى ھېچبىر كىشىنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلمايدۇ.

الله تائالادىن بۇ ئەمەلىمگە بەرىكەت بېرىشىنى ۋە بىز ئۈنىڭغا ئۇچراشقان كۈندە ئۇنى ئەمەل مىزانىدا قىلىپ بېرىشىنى سورايمەن ، ئامىن!

والْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ!


صلى الله عليه وسلم


رمضان مبارك
تقبل الله منا ومنكم صالح الأعمال

